
بۇرھات جىلان
ئىدىقۇت يۇلتۇزى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

پەرھات جىلان

# ئەدىقۇت يۇلتۇزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

高昌之星：维吾尔文/帕尔哈提·吉兰著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008．7
（帕尔哈提·吉兰作品集）
ISBN 978－7－228－11672－0

Ⅰ.高…　Ⅱ.帕…　Ⅲ.长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）　Ⅳ．I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 103159 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 帕尔哈提·吉兰 |
| **责任编辑** | 帕提古丽·米吉提 |
| **责任校对** | 阿达来提，阿孜古丽 |
| **特约校对** | 阿不力孜·阿巴斯 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 13.5 |
| **版　　次** | 2008 年 7 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 7 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—3000 |
| **定　　价** | 35.00 元 |

# ئىدىقۇت يۇلتۇزى

(پەرھات جىلان ئەسەرلىرى)

**ئاپتورى :** پەرھات جىلان
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت ، ئارزىگۈل
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ئابلىز ئابباس
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 13.5
**نەشرى :** 2008 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—3000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11672—0
**باھاسى :** 35.00 يۈەن

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1961 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «سول» چىللىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاشچىلىق ۋە ھەرىكەشلىككە ئوخشاش ياللانما ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋاقىتلىق تەرجىمە تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان، كېيىنچە تەرجىمە ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 2006 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

پەرھات جىلاننىڭ نۇرغۇن ھېكايە ـ پوۋېستلىرى، «مەھمۇد



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كاشغەري » ، «ئورخون شەجەرىسى » ، «ئىدىقوت يولتوزى » قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى نەشردىن چىقىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ن .ئا .باسكاكوۋنىڭ «تۈركىي تىللار » ناملىق ئەسىرىنى ، «گراف مونتې - كرىستو » ناملىق مەشھۇر رومانىنى ، تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان .

پەرھات جىلان ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ چەت ئەل تىللىرى تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

# قىسقىچە مەزمۇنى

رومانىدا ئىدىقۇت خانىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن قۇدىلىشىپ بىرلەشكەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ھالدا ئەينى دەۋردىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئىدىقۇت خەلقى قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى. توختامىش ئىسىملىك بىر يىگىت قىتانلاردىن قېچىپ ئالتايغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە نايمان ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان تاتا تۇڭا بىلەن تونۇشىدۇ. چىڭگىزخان ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، نايمان خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندا، تاتا تۇڭا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىن تاتا تۇڭا چىڭگىزخانىنىڭ كاتىپى بولىدۇ ھەمدە موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىدۇ. توختامىشمۇ موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

چىڭگىزخانىنىڭ ئالەمشۇمۇل يۈرۈشلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئىدىقۇت خانىمۇ قوشۇن تارتىپ چىڭگىزخانغا قوشۇلىدۇ. موڭغۇل ـ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى قاراخانىيلار زېمىنلىرىدىن قىتانلار بىلەن نايمانلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزم دۆلىتىنى ئىشغال قىلىدۇ. بىر بۆلۈك موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنلىرى قىپچاقلار ۋە رۇسلارنىڭ يەرلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ.

توختامىشمۇ ئىدىقۇت قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن يۈرۈشلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ جۇدالىقتىكى سۆيگۈنى تۈركەنئايىنى تولا ئىزدەپ زادىلا تاپالمايدۇ.

رومانىنىڭ ئاخىرىدا ياشانغان توختامىش ئوغلى ئىلتەرىشنى ئۆيلەش ئۈچۈن موڭغۇل - تاتارلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ۋولگا دەرياسى بويىدىكى سارايچىق شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى سۆيگۈنى تۈركەنئاي بىلەن كۆرۈنىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن توختامىشنىڭ كېلىنى ئاشۇ تۈركەنئاينىڭ قىزى بولۇپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى ئاشىق - مەشۇقلار نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن قۇدا بولۇپ قالىدۇ.

# ئاپتوردىن

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا چوڭلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا بەك قىزىقاتتىم. چوڭلار 30 ـ ۋە 40 ـ يىللاردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئەسلەپ سۆزلىشەتتى. شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى تۈرمىلەردە ئىڭراۋاتقان گۇناھسىز مەھبۇسلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار قوشۇنلار كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى. «ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز قانداق ياشىغان بولغىيتتى؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئورخۇن، ئىدىقۇت، قاراخانىيلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ، ئۆزۈممۇ چوڭلار قاتارىغا قوشۇلغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى توغرىسىدىكى بىلگەنلىرىمنى جەملەپ ئىككى رومان يازدىم. «ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يېزىش كېرەك ئىدى» دېگەن ئوي كۆڭلۈمگە ئارام بەرمىدى، يەنە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

ياشلىق دەۋرىمدىن تارتىپلا مەن يەنە تارىختىكى مەشھۇر

زاتلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇشقا قىزىقاتتىم . ئاتاقلىق ئالىملار ، ئەدىبلەر ، داڭلىق قەھرىمانلار ، مەشھۇر سىياسىئونلار ، كاتتا جاھانگىرلار توغرىسىدا يېزىلغان ھەرخىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەر قولۇمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان ئوبرازى دىققىتىمنى تارتتى . چىڭگىزخان دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ جاھانگىر . ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭگو زېمىنلىرىدىن تارتىپ ، ياۋروپا تۇپراقلىرى ۋە ئىران ، ئەرەب ئەللىرىگىچە بولغان مىسلىسىز كەڭ يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك دۆلىتىنى قۇردى . ئىشغالىيەتچىلىكتە چىڭگىزخان مەشھۇر ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ) دىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى . شۇنداق تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت چىڭگىزخانغا نەدىن كەلدى ؟ موڭغۇل قوۋمى شۇ قەدەر زور ۋە كۈچلۈك بولغانمىدى ؟ ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى شۇ قەدەر ئاجىز بولغانمىدى ياكى چىڭگىزخان شۇ قەدەر ئامەتلىك ، تەڭرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شەخس بولغانمۇ ؟

ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىملار ۋە يازغۇچىلار بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . بىر قىسىم ئەسەرلەردە ، چىڭگىزخان ئەڭ ئەشەددىي زالىم قانخور ، ئۇنىڭ خەلقى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى ياۋايى كۆچمەنلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى . چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى نۇرغۇن مەدەنىيەتلىك ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۇدا ئىككى - ئۈچ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈردى . ھالبۇكى ، «ياۋايى - قانخورلار» پەقەت زوراۋانلىققا تايىنىپلا شۇ قەدەر زور ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامتى ؟

ئەنە شۇنداق ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش داۋامىدا ، چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خانىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى كۆز ئالدىمدا باشقىچە مەنزىرىنى سۈرەتلەشكە باشلىدى . ئىدىقۇت خانلىقى ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ مىسالى ئىدى . ئىدىقۇت تەۋەسىدىكى بوستانلىقلاردا بىناكارلىق ، توقۇمىچىلىق ، مېتالچىلىق ، رەسساملىق ، ھەيكەلتىراشلىق ، مەتبەئەچىلىك كەسپلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنىدى . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن كۆپلىگەن ئالىملار ، ئەدىبلەر ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان . ئۇيغۇر باخشىلىرى (زىيالىيلىرى) موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە يېزىق ئۆگەتكەن . موڭغۇللار ئىگىلىگەن كەڭ زېمىنلاردا ئەنە شۇ ئۇيغۇر باخشىلىرى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن . چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئۇيغۇرلار كاتىپ ، تەرجىمان ، ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان ، چىڭگىزخانىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىدە ئۇيغۇر سانغۇنلارمۇ بولغان . موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگىتىشنى باشلاپ بەرگەن تاتا تۇڭا چىڭگىزخان تەرىپىدىن «دۆلەت ئۇستازى» دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەن . كېيىن ئىدىقۇت خانى شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ ، چىڭگىزخانىنىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان...

مەن ئەنە شۇنداق تارىخىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ھەسسىلەپ رىغبەتلىنىپ ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم . ئۆگەنگەنسېرى ۋە يازغانسېرى ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل - ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قارىتا ئۆزۈمنىڭ تونۇشۇم شەكىللەندى . ئەجدادلىرىمىز تارىختا توختام سۇدەك ئۈن - تىنسىز ياشاپ ، غالىبلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالمىغان . ئۇلار ئەسىرلەرنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ، ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان يوللاردا مېڭىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرغان .

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى ، بايانلىرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىيرەك توختالدىم . ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرى چىڭگىزخان توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى . بۇ ، ئەلۋەتتە چوڭ تەتقىقات تېمىسى . ئەمدى بۇ تېما بىر ئۇيغۇر قەلەمكەشنىڭ تەسۋىرىدە قانداق سۈرەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشمۇ ئارتۇقچە بولماس .

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن موڭغۇل دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر تۇن ئىدى . لېكىن ، بۇ قاراڭغۇ تۇن ئەمەس ، بەلكى نۇرغۇنلىغان سەرخىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ، يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى خۇددى يارقىن يۇلتۇزلاردەك پارلاپ تۇرغان يورۇق تۇن ئىدى . بۇ ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋر . ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىدۇ . تارىختىن كىشىلەر ئەقىل تاپىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى تېپىپ چىقالايدۇ . تارىخنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەندە ، كىشىلەر ئۆتمۈشنى بىلىدىغان ، ھازىرقىنى چۈشىنىدىغان ۋە كەلگۈسىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرەلەيدۇ .

چىڭگىزخاننىڭ ئالەمشۇمۇل ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى ئىچىدە خارەزىم ئۇرۇشى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خارەزىمنىڭ مۇنقەرز قىلىنىشىنى چىڭگىزخاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ غەلىبە دېيىش مۇمكىن. شۇڭا، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، خارەزىم ئۇرۇشى ئالاھىدە چوڭ تېما تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. چىڭگىزخان خارەزىم ئېلىگە ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك موڭغۇل - تاتار قوشۇنى ۋە يەنە ئۇيغۇر، قىرغىز ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاتلانغان. بۇ چاغدا خارەزىمشاھ قوشۇنى سان جەھەتتە زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، تۆت يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشاتتى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسانلا مەغلۇپ بولۇپ تۇزۇپ كەتتى؟ خارەزىم ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىدىن مۇنداق سېلىشتۇرما تەسىراتقا ئىگە بولدۇم:

1. خارەزىم قوشۇنى ئىچىدىكى بىر قىسىم قوماندانلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ شەخسىي قەھرىمانلىقى گەۋدىلىك بولغان، لېكىن بۇ ھال ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنالمىغان. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان. ئەكسىچە، موڭغۇللارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى گەۋدىلىك بولغان. ئۇلار ئۆز سەركەردىلىرىنىڭ بۇيرۇق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا شەرتسىز بويسۇنغان، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھەۋەس قىلمىغان.

2. خارەزىملىكلەردە چېچىلاڭغۇلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ھەربىر يۇرت ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇرۇشقان، باشقا يۇرتلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەي، «تاماشا كۆرۈپ» تۇرۇشقان. موڭغۇللار ئۆم - ئىناق بولغان، پۈتۈن قوشۇننىڭ

ھەرىكىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.
3. خارەزىملىكلەر ھەشەمەتچىلىككە، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولغان، جەڭلەردە ئولجا ئېلىشقا ھەۋەس قىلغان. موڭغۇللار شەخسىي بايلىققا بېرىلمىگەن. ئۇلار ئولجىنى بىر تۇتاش يىغىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىملىگەن.
4. خارەزىملىك مۇسۇلمانلار غەيرىي دىندىكى تائىپىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى بىلمىگەن. موڭغۇللار دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ۋە ھەرخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرلۈك تائىپىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالىغان.
خارەزىم ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭگىزخان ئىدىقۇت ئۇيغۇر قوشۇنىنىمۇ ئىنتىزامى ئىنتايىن چىڭ، باتۇر قوشۇن ئىكەن، دەپ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەپسۇسكى، ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى يازما يادىكارلىقلار كەمچىل، ماتېرىيال كۆپ ئەمەس. ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىدىن بۇ خانلىقنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغانلارمۇ ساناقلىق. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنىڭ قىسلىقى قەلىمىمنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى چەكلەپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ، قىيىن ئۆتكەللەردىن يول ئېچىپ مېڭىشقا تىرىشتىم. يازغانلىرىمدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخ بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى ئىستەيمەن. شۇڭا، ئارتۇقچە توقۇلمىلار بىلەن بايانلىرىمنى پەردازلاپ، تارىخىي چىنلىقنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدىم، نېمە بولسا شۇنى يازدىم. پەقەت تارىخىي چىنلىقنى يورۇتۇپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان توقۇلمىلارغىلا چەكلىك دائىرىدە يول قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مول ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە بولغان چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى

ۋە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئىمكانقەدەر ئەينەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم .

كىشىلىك دۇنيادا رېئاللىق ۋە چىنلىق ئۆزگەرمەس پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىسمۇ ، ئەمما بۇنىڭغا قارىتىلغان باھالار ۋە كۆزقاراشلار ھەرخىل بولىدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە باھالىرى بىردەك بولىدىغان شېرىن چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . ئوخشاشمايدىغان كۆزقاراشلار خۇددى باغدىكى رەڭگارەڭ گۇللەرگە ئوخشاش كۆكلەپ ، ئېچىلىپ ، ئۆز رەڭگىنى ۋە ئۆز ھالىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك . بۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن . قەلەمكەش كۇندۇزدىكى قۇياشنىمۇ ھەم كېچىدىكى يۇلتۇزلارنىمۇ ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك . بۇنى قانداق چۈشىنىش ۋە بۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش ، ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر .

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كارۋان يولىدىكى تىنچسىزلىق ………… 1
ئىككىنچى باب ئاستانىدىكى ئىشلار ………………… 12
ئۈچىنچى باب ئىدىقۇت خانىنىڭ دەردى تولا ………… 25
تۆتىنچى باب بولدۇز قايا ۋە مىسىرسىلا ………… 34
بەشىنچى باب توختامىش ………………………… 61
ئالتىنچى باب ئالتاي ……………………………… 82
يەتتىنچى باب توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق ………… 99
سەككىزىنچى باب قىزىل سۇرۇخلۇق تامغا ………… 118
توققۇزىنچى باب دوستلارنىڭ جۇدالىقى ……………… 128
ئونىنچى باب ئونون دەرياسى بويىدا ……………… 146
ئون بىرىنچى باب دالا شامالى ……………………… 158
ئون ئىككىنچى باب ئىدىقۇت خان ئورنىدىن تۇردى …… 169
ئون ئۈچىنچى باب نايمانلار ۋە قىتانلار ……………… 183
ئون تۆتىنچى باب ئىدىقۇت خان ۋە چىڭگىزخان ………… 195
ئون بەشىنچى باب ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىزلار ………… 210
ئون ئالتىنچى باب قىتانلار ۋە نايمانلار ……………… 236
ئون يەتتىنچى باب قوچۇدىن كاشغەرغىچە ……………… 252
ئون سەككىزىنچى باب ئوترار ………………………… 269
ئون توققۇزىنچى باب ئالتۇن ئارقان ئۈزۈلدى ………… 282

يىگىرمىنچى باب ئىدىقۇت ئاسمىنىدا قايسى يۇلتۇز بار ،
قايسى يۇلتۇز يوق ........................ 314
يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇيۇقتا سىرلىق بوستانلار ........ 328
يىگىرمە ئىككىنچى باب سەمەرقەنت .................. 346
يىگىرمە ئۈچىنچى باب سۇلتان مۇھەممەد ۋە خانزادە
جالالىدىن .............................. 358
يىگىرمە تۆتىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ شادلىقى ۋە
قايغۇسى ................................ 373
يىگىرمە بەشىنچى باب موڭغۇللارنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى ... 386
يىگىرمە ئالتىنچى باب بۇگۇنگە قايتقان ئۆتمۈش ........ 396
ئاخىرقى سۆز ........................................ 414



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com